# ئەمەلىيەتكە برلەشتۈرۈپ چوڭقۇر ئۆگنىپ تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش دىققەتنى مەسلىگە مەركەزلەشتۈرۈپ ھەقىقي تۇتۇپ ئەمەلي ئشلەش

(بېشى 1 ـ بەتتە)

6 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى، شزاڭ ئاپتونوم رايونى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا باش تېما تەربيەسنى قانات يايدۇرۇشقا قارىتا سەپەرۋەرلك، ئورۇنلاشتۇرما ئېلىپ باردى. رايون ئەھۋالى ئەمەلىيىتگە برلەشتۈرۈپ، شزاڭ بەش جەھەتتكى تەتقىقات ۋە مۇھاكمە مەخسۇس تېمسنى لايىھەلدى، يەنى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسيالىزم ئىدىيەسنى ئۆگنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، «ئىككنى قوغداش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرستىش؛ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ چېگرا رايوننى ئىدارە قلىپ شزاڭنى مۇقىم قلىش توغرسىدىكى مۇھىم بايانىنى ئۆگنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، شزاڭنى مۇقىم قلىش، شزاڭنى قۇرۇش، شزاڭنى گۈللەندۈرۈش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش؛ بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرشى ئىنتىزامىغا قاتتىق رىئايە قلىپ، دىنىنىڭ پاسسىپ تەسىرىنى ئاجىزلاشتۇرۇش؛ خەلقنى كۆزلەش تۈپ مەقسىتىنى ئەمەلىيەتتە كۆرستىپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قلىش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قلىش؛ شەكلۋازلىق ۋە بيۇروكراتلىقتىن قاتتىق ساقلىنىپ، كۆچەپ ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش.

## مەسلە يۆنىلىشدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتىغا مەركەزلەشتۈرۈش

ئۆگنىش، تەتقىقات ۋە مۇھاكمە پائالىيىتىنى قانات يايدۇرۇش بىلەن بىللە، شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، شىزاڭدىكى ھەر دەرىجىلىك ھەرقايسى تارماقلار مەسىلىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى ھازىر ساقلىنىۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە ۋە ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولۇۋاتقان قىزىق نۇقتا، قىيىن نۇقتا مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ چوڭقۇر، ئەمەلىي قانات يايدۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىگە بىرلەشتۈرۈپ، 12 جەھەتتىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش مۇھىم نۇقتىسىنى تىزىپ چىقىپ، ئىجتىمائىي ئومۇمىي ۋەزىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنى ياخشى قىلىش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەش، تەرەققىي قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى «نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسى مۇدىرىنىڭ قىزىق لىنىيە سۆزىسى»، نامراتلارنى يۆلەش نازارەتچىلىك پاش قىلىش تېلېفونى ئاچتى؛ ئاپتونوم رايونلۇق بازار نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش ئىدارىسى كارخانىلار بىلەن ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بىرلەشتۈرۈش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ پىكىر ـ تەكلىپلىرىنى كەڭ كۆلەمدە توپلىدى. نۆۋەتتە، ئاپتونوم رايوندىكى 1 ـ تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئورۇنلار ئۆگىنىپ سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ كۆزىتىش، ئاساسىي قاتلامغا چوڭقۇر چۆكۈپ تەكشۈرۈش تەتقىق قىلىپ تەكشۈرۈپ

كۆزىتىش، پىكىرلەرنى ئاڭلاپ ئوچۇق ـ ئاشكارا تەكشۈرۈپ كۆزىتىش، سىردىشىپ، سۆھبەتلىشىپ، ئالماشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ كۆزىتىش قاتارلىق شەكىللەرنى قوللىنىپ، مەسىلە تىزىملىكى تۈرغۇزۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە مەسىلىدىن 1404نى تەكشۈرۈپ تاپتى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ، تۇەن ـ چاڭلارنىڭ ئۇنىۋېرسال ياندىشىپ ئىسلاھاتى، دۆلەت مۈلكى، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى قاتارلىق 11 جەھەتتىكى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىنىدىغان مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى، تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جەريانىدا بولماسلىق، يېرىم ـ يارتا قىلىش، ئۆزگەرتىپ قىلىش قاتارلىق 11 جەھەتتىكى مەخسۇس تۈزىتىلىدىغان مەسىلىنى تەتقىق قىلىپ ئوتتۇرىغا قويدى. بىڭتۈەن مائارىپ ئىدارىسى بىڭتۈەن مائارىپ سىستېمىسىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى كۆزلەپ، مائارىپ مۇلازىمىتى تەرەققىياتى، ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ تەمىناتى، بىڭتۈەن بىلەن يەرلىكنىڭ مائارىپىنى يۇغۇرۇش قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق ھەل قىلدى.

شىزاڭ ئاپتونوم رايونى باش تېما تەربىيەسىدە خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئېڭى ئاجىز بولۇش، پەقەت يۇقىرىنى كۆرۈپ تۆۋەنگە قارىماسلىق، ئاممىغا قوپال مۇئامىلە قىلىش، تۈگمەس ھۆججەت ۋە ئۈزۈلمەس يىغىن يەنىلا گەۋدىلىك بولۇش، نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈش، باھالاش يەنىلا زىيادە كۆپ بولۇش قاتارلىق 25 جەھەتتىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى كۆچەپ ھەل قىلىشنى ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. نۆۋەتتە، بىرىنچى تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق 74 تارماق ۋە 17 دۆلەت كارخانىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ئەزالىرى 512 مەسىلە بويىچە ئۆزىنى تەكشۈرۈپ كۆزەتتى، پىكىر ئېلىپ 230 مەسىلىنى تېپىپ چىقتى، كۆزىتىشكە سېلىشتۇرۇپ 318 مەسىلىنى تېپىپ چىقتى.

## تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇپ، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش

باش تېما تەربىيەسى قانات يايدۇرۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدا بايقالغان مەسىلىلەر ئىنچىكە، تەپسىلىي ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، تىزىملىك تۈزۈلۈپ، تۈرمۇتۈر تۈزىتىلدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى ئاساسىي قاتلام پونكىتلىرى، ئورۇنلىرىنىڭ «بېۋىلىش، ئېلىۋېلىش، قىسىۋېلىش، تەلەپ قىلىش»، مۇلازىمەت كۆزنىكىنىڭ «ئىشىكتىن كىرىش ئاسان بولۇش، چىرايى ئوچۇق بولۇش، ئىش بېجىرىش قىيىن بولۇش» «تەيجى گۈمپىسى ئويناش» «ئىتتىرىش، ئايلاندۇرۇش، سۆرەش» قاتارلىق ئامما كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھازىر دەرھال تۈزەيدىغان مەسىلە قىلدى؛ تۇرالغۇ ئۆي ۋە شەھەر ـ يېزا قۇرۇلۇشى نازارىتى شەھەر ـ بازارلاردىكى كاپالەتلىك

ئۆي ساھەسىدىكى بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىش، يېزىلاردىكى ئەمىن تاپقۇزۇپ خەلقنى بېيىتىش ئۆيلىرىنىڭ تېگى ـ تەكتى ئېنىق بولماسلىق قاتارلىق گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى تۈزەشنى بەلگىلەن ھامان تۈزىتىش تىزىملىكىگە كىرگۈزدى. نۆۋەتتە، شىنجاڭدىكى بىرىنچى تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسى بويىچە ئۆگىنىۋاتقان ئورۇنلار شائىتى ھازىرلانغان مەسىلىدىن 615نى چىڭ تۇتۇپ تۈزەتتى.

شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى پارتكومى باش تېما تەربىيەسى بويىچە سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىدىن جەمئىي ئالتىنى ئەۋەتىپ، بىرىنچى تۈركۈمدە باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان 54 ئورۇنغا قارىتا سەييارە يېتەكچىلىك ئېلىپ باردى، ھەرقايسى ئورۇنلارنىڭ باش تېما تەربىيەسى لايىھەسىنى قاتتىق تەكشۈرۈپ، مەزمۇنى ئۆلچەمگە يەتمىسە ماقۇللىماسلىق، لايىھەسى پىشىپ يېتىلمىسە يىغىن ئاچماسلىقتا چىڭ تۇرۇپ، بەلگىلەنگەن خىزمەتنى يېرىم يارتا قىلىش، ھەرىكەتنى ئۆزى تاللاپ شەكىلۋازلىق قىلىش، لايىھە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە ئادەتتىكىچە، يۈزەكى بولۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنىڭ ئۈنۈملۈك ئالدىنى ئالدى. بىڭتۈەن 1 ـ سەييارە يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى ھەيدەكچىلىك قىلىپ تەكشۈرۈش، يېتەكچىلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش ئۇچۇنلا تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، يۈزەكى كۆزىتىش شەكلىدىكى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، دىققەتنى باش تېمىغا مەركەزلەشتۈرمەي تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلە ھەل قىلمايدىغان تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى قەتئىي توختىتىپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنىڭ سۈپەتلىك، ئەمەلىي ئۈنۈملۈك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

شىزاڭ ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم تەشكىلات بۆلۈمى دىققەتنى ھازىرقى پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە تەشكىلات خىزمىتىدىكى نۇقتىلىق، قىيىن نۇقتىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، كادىرلارنىڭ سىياسىي ساپاسىنى تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىش، ئاجىز، چېچىلاڭغۇ ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرىنى تەرتىپكە سېلىش، كەنت ئاھالە كومىتېتى تايانچ قوشۇنىنى كۈچەيتىپ قۇرۇش، ۋەتەننى سۆيۈشكە ئۆزىنى بېغىشلىغان ھەرقايسى تەرەپلەردىكى مۇنەۋۋەر ئىختىساسلىقلارنى توپلاش، كادىرلار، ئىختىساسلىقلارنىڭ شىزاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش قاتارلىق خىزمەتلەردە سىجىل كۈچەپ، ئۆگىنىش ـ تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىلەرنى تەكشۈرۈش ـ كۆزىتىش، تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ئەمەلىي تۇتتى؛ تىزىملىككە تىزىلغان 589 ئاجىز، چېچىلاڭغۇ پارتىيە تەشكىلاتىغا قارىتا، ناھىيەلىك، يېزىلىق پارتكوم شۇجىلىرىنىڭ تۈزىتىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، رايونلۇق، شەھەرلىك تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش، نازارەت قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش تۈزۈمى، نەق مەيداندا ئاربىلاپ تەكشۈرۈش، تەزىملىكتىن ئۆچۈرۈش تۈزۈمىنى يولغا قويدى، نۆۋەتتە 53 ئاجىز، چېچىلاڭغۇ پارتىيە تەشكىلاتىنى تەرتىپكە سېلىش، دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تاماملاندى.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)

# ئاپتونوم رايونىمىز ئاساسلىق كەلكۈن مەزگىلىدىكى ھۆلچىلىك، قۇرغاقچىلىق ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى

مۇخبىرىمىز لىيۇ دۇڭلەي خەۋەر قىلىدۇ: 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون ئاساسلىق كەلكۈن مەزگىلىدىكى ھۆلچىلىك، قۇرغاقچىلىق ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتى تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى ئېچىپ، ئالاقىدار خىزمەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىق ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش خىزمىتىدە دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەتنى تولۇق تونۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەتنىڭ زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە «تۆت ئالدىن»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئاشۇرۇپ، بىخەتەرلىكتىن ئىبارەت بۇ كىرىچنى ھەر ۋاقىت چىڭىتىپ، ئاجىز ھالقىلارنى تۈزەشنى قەتئىي چىڭ تۇتۇپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلىشى كېرەك.

مېتېئورولوگىيە، گىدرولوگىيەلىك مۆلچەر ئانالىزىغا ئاساسلانغاندا، بۇ يىل ئاساسلىق كەلكۈن مەزگىلىنىڭ ئاخىرقى مەزگىلىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ تېمپېراتۇرىسى ئومۇمىي جەھەتتىن سەل يۇقىرى بولۇپ، ھۆل ـ يېغىن جەنۇبتا كۆپ، شىمالدا ئاز بولىدىكەن. جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قىسمەن تاغلىق رايونلاردا يېغىندى قار كۆپرەك بولغاچقا، ئېگىز تاغلاردىكى يېغىندى قار تېز ئېرىپ، ئاسانلا ئەگىز كەلكۈنى ۋە يامغۇر ـ ئەگىز ئارىلاشما كەلكۈننى پەيدا قىلىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، كېيىنكى مەزگىلدە شىمالىي شىنجاڭ، شەرقىي شىنجاڭ ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدىكى قۇرغاقچىلىق ئاسان يۈز بېرىدىغان رايونلاردا قۇرغاقچىلىقنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى يەنىمۇ ئاشىدىكەن.

يىغىندا مۇنۇلار تەلەپ قىلىندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار نۇقتىلىق ۋەزىپىلەرنى چىڭ كۆزلەپ، چارلاپ تەكشۈرۈش، خەتەرنى تۈگىتىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئاشۇرۇپ، تەكشۈرۈپ ئۆلچەش، ئالدىن سىگنال بېرىش، ئالدىن مەلۇمات بېرىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئېقىن مىقدارىنى تەڭشەشنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قىيان ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىشنى چىڭ تۇتۇپ، سۇ ئامبارلىرىنىڭ كەلكۈن مەزگىلىدىن بىخەتەر ئۆتۈشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، خەۋپتىن ساقلىنىش، تارقاقلاشتۇرۇش، يۆتكەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، خەتەردىن قۇتقۇزۇش، جىددىي تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى زاپىسىنى زورايتىپ، تەشۋىقات، تەربىيەلەش ۋە ئۇچۇر دوكلات قىلىشنى كۈچەيتىپ، قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇرۇش، سۇغىرىشقا كاپالەتلىك قىلىش، سۇ بىلەن تەمىنلەش خىزمىتىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلىشى كېرەك. مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، خىزمەت ئىنتىزامىنى چىڭىتىپ، ھەمكارلىشىش ۋە ماسلىشىشنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك تەدبىرلەرنى جايىدا ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ھاياتى، مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

# «مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»دىن ئىبارەت بۇ ھالقىلىق تۇتقىنى چىڭ تۇتايلى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەم پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىق ياكى پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشى كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللىرىغا قارىتا ئىنتىزام جازاسى بېرىش، ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلماي ياكى توغرا ئادا قىلماي، پارتىيەنىڭ رەھبەرلىكى ئاجىزلىشىش، پارتىيە قۇرۇلۇشى يېتەرسىز بولۇش، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىش كۈچلۈك بولماسلىق قاتارلىق ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماسلىق ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقارغانلارنى جاۋابكارلىققا تارتىش بەلگىلەندى. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، «مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»دىن ئىبارەت بۇ ھالقىلىق تۇتقىنى مەھكەم تۇتۇش ھەم پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي تەلىپى، پارتىيەنىڭ ئىچكى نىزاملىرىدىكى قاتتىق بەلگىلىمە، شۇنداقلا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر.

«مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»دىن ئىبارەت بۇ ھالقىلىق تۇتقىنى مەھكەم تۇتۇشتا، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پارتكوم تۇتىدىغان، شۇجى تۇتىدىغان، ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تۇتىدىغان، دەرىجىمۇدەرىجە تۇتىدىغان، قاتلامۇقاتلام ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتىدىغان خىزمەت ۋەزىيىتىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك. ھەرقايسى تارماق پارتگۇرۇپپىلىرى (پارتكوملىرى) پارتگۇرۇپپا (پارتكوم) بەنزىسى باشلامچى بولۇش، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە ئۈلگە بولۇش، ئورگان ئارقىلىق سىستېمىنى يېتەكلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچ شەكىللەندۈرۈشى كېرەك؛ ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇشنى ئۆز ۋەزىپىسى قىلىش، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتماسلىقنى ۋەزىپىسىنى ئادا قىلماسلىق، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتماسلىقنى مەسئۇلىيەتسىزلىك قىلغانلىق دەيدىغان ئىدىيەنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، «شۇجى تۇتۇش، شۇجىنى تۇتۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، رەھبەرلىك بەنزە ئەزالىرى ۋە ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار «بىر ئىش ئورنى، قوش مەسئۇلىيەت»نى ئادا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى ئايدىڭلاشتۇرۇش، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشى كېرەك. ئورگان پارتكومى دىققەتنى ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسىپكە مەركەزلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي تۈردە فۇنكسىيەلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

«مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»دىن ئىبارەت بۇ ھالقىلىق تۇتقىنى مەھكەم تۇتۇشتا، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەيدەكچىلىك قىلىش، تۈرتكە بولۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئورنىنى مۇستەھكەملەش ئومۇمىي ۋەزىيىتىدىن مەسىلىگە قاراشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇشنى ئەڭ چوڭ سىياسىي نەتىجە قىلىش كېرەك. مەركەز پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىپ، خىزمەت ئەھۋالى دوكلاتىنى قەرەللىك ئاڭلاپ، مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ ھەل قىلىشى كېرەك. مەركەزدىكى ھەرقايسى مۇناسىۋەتلىك تارماقلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، زىچ ماسلىشىپ، ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش خىزمىتىنىڭ بىرىكمە كۈچىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت كومىتېتلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ۋاكالەتەن ئاپپاراتى بولۇش سۈپىتى بىلەن، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئىقتىدار، سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە خىزمىتىگە بىرتۇتاش رەھبەرلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ھەرقايسى تارماق پارتگۇرۇپپىلار (پارتكوملار)نىڭ ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك ـ ھەيدەكچىلىك قىلىشى كېرەك.

«مەسئۇلىيەت تۈزۈمى»دىن ئىبارەت بۇ ھالقىلىق تۇتقىنى مەھكەم تۇتۇشتا، پارتىيە ئىشلىرى كادىرلىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، يۇقىرى ساپالىق ئورگان پارتىيە ئىشلىرى خىزمەتچىلىرى قوشۇنى قۇرۇشنى مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە چىڭ تۇتۇش كېرەك. ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ئاچقۇچ ئادەمدە. يېڭى دەۋردىكى ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش بىر يۇقىرى ساپالىق كەسىپلەشكەن پارتىيە ئىشلىرى كادىرلىرى قوشۇنىدىن ئايرىلالمايدۇ. سىياسىيدا كۈچلۈك، كەسىپتە قابىل، ئىستىلى ياخشى كادىرلارنى ئورگان پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا تاللاپ ئۆستۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىپ، پارتىيە ئىشلىرى كادىرلىرى بىلەن كەسپىي كادىرلارنى ئالماشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىپ، پارتىيە ئىشلىرى خىزمىتىنى ھەم كەسىپتە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش، ھەم ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش خىزمىتىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. مەخسۇس ۋە قوشۇمچە ۋەزىپىدىكى پارتىيە ئىشلىرى كادىرلىرىنى تەربىيەلەپ يېتىشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ساپا، ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، پارتىيە ئىشلىرى كادىرلىرىنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنى سىياسىيدا زېرەك ئادەمگە، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدىكى كەسىپ ئەھلىگە، كادىرلار، ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ سىردىشىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

«مەسئۇلىيەت تەيشەن تېغىدىنمۇ ئېغىر». بۇرچنى قەلبكە پۈكۈش، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش كېرەك، بۇ ئەۋلادمۇئەۋلاد كوممۇنىستلار ۋارىسلىق قىلىپ داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان روھىي خىسلەت، شۇنداقلا بىزنىڭ بۇ قوشۇنىمىزنىڭ ئەڭ جەڭ قىلالىشىدىكى كۈچ مەنبەسى. مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىش، مەسئۇلىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇش، مەسئۇلىيەتنى تولۇق ئادا قىلىشتا چىڭ تۇرغاندا، مەركەز ۋە دۆلەت ئورگانلىرى پارتىيە قۇرۇلۇشىدا ئالدىدا مېڭىپ، ئۈلگە بولۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنى خاتىرجەم قىلالايدۇ، خەلق ئاممىسىنى رازى قىلالايدۇ.

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 7 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)